# مىللەتنىڭ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا قانچە دۇچ كەلگەنسېرى، تارىختىن شۇنچە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر، زور خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئېغىر، زور توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئېغىر، زور زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى خاتىرىلەشتە تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەلگۈسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەلگۈسىگە ئىبرەت قىلىپ، ئۇلۇغ مىللەت روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى. ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئۇلۇغ مىللەت روھى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىدىن ئىبارەت مىسلىسىز كرىزىس ئالدىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى يانار تاغقا ئوخشاش پارتلاپ چىقتى. بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، مىللەت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ھەيۋەتلىك، قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى. بۇ ئۇلۇغۋار مۇساپىدە، جۇڭگو خەلقى دۇنياغا دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان مىللەت غۇرۇرى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ئاداققىچە جان تىكىپ كۆرەش قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس، قەتئىي تەۋرەنمەي جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى نامايان قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ياراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھى جۇڭگو خەلقىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، مەڭگۈ جۇڭگو خەلقىنى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.» يېڭى مۇساپىدە، بىز ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەلگۈسىگە ئىبرەت قىلىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيلى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ ئاچقۇچى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر. ئىنتايىن ۋەھشىي، ئىنتايىن قەبىھ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا، پارتىيەمىز خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ئومۇميۈزلۈك قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا ئىستراتېگىيەلىك تاكتىكا تۈزۈپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە كەڭ جەڭ مەيدانلىرىنى ئېچىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇشتىكى تايانچ كۈچكە ئايلىنىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتلىق يولى ئىزدەش ئۈمىدىگە تىرەك بولۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ئاساسىدا، پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنى تاماملىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى كەينى ـ كەينىدىن يېڭىپ، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان جاھان مۆجىزىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ياراتتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. تارىخ شۇنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردىكى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلالايدۇ، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغاندىلا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يېڭى مۇساپىدە، بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، 1 مىليارد 400 مىليون خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك ئىلھامى شۇكى، جەزمەن قىلچە تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ھەر قانداق كۈچنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقانداق كۈچمۇ تىنچ تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش ئېتىقادىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ. مەيلى تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يېتىشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ، مەڭگۈ كېڭەيمىچىلىك قىلمايدۇ، مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە تاڭمايدۇ. مەيلى قانچىلىك قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو خەلقى باشتىن ـ ئاخىر دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن دوستانە ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قەتئىي قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۆھپە بولۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ، باشتىن ـ ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، پۈتۈن يەر شارى تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقۇچى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئۇزاققىچە تىنچ بولىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان ئىناق دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

75 يىل ئىلگىرىكى ئۇلۇغ غەلىبە دۇنيا خەلقىگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئاداققىچە جان تىكىپ كۆرەش قىلىدىغان جاسارىتى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا قولىدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسى، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئىقتىدارى بار. يېڭى دەۋردە ئىلگىرىلەپ، يېڭى سەپەرگە ئاتلاندۇق، بىزنىڭ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك ئىرادىمىز، قەتئىي غەيرىتىمىز، مۇستەھكەم دۆلەت كۈچىمىز بار، ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارنى يېڭىشتە يېتەرلىك ئىشەنچىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئەقىل ـ پاراستىمىز بار، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق كىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخ قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 80.8%نى ئىگىلىدى. ياڭاق قاغىلىق ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ قۇچىقىدىكى «ئالتۇن قونچاق»قا ئايلاندى.

## كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، تولۇق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى

ياڭاق مېغىزىنى سول تەرەپكە، ياڭاق پاسلىنى ئوڭ تەرەپكە قويىدۇ، ھەمرا مەخمۇتنىڭ ئىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بىر دەمدىلا ئالدىدا بىر دۆۋە ياڭاق مېغىزى ۋە ياڭاق پاسلىنى ئايرىپ بولدى.

ھەمرا بۇ ناھىيەنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسى باش شور ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلەيدۇ. «ھازىر، كەنتتىكى نۇرغۇن ئايال نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىدۇ» دېدى ھەمرا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاغىلىق ناھىيەسى ياڭاقچىلىق كەسپىنى چۆرىدەپ مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە يۈزلەنگەن، بولۇپمۇ نامرات كەنتلەرنى قاپلىغان نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتلىرىنى قۇردى، دەسلەپكى پىششىقلاشتىن كېيىن، ھەر كىلوگرام ياڭاقنىڭ قىممىتى بەش يۈەندىن سەككىز يۈەنگىچە ئاشتى.

ياڭاق يېغى، ياڭاق تالقىنى، ياڭاق سۈتى... قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاقنى ئىنچىكە پىششىقلايدىغان ئەڭ چوڭ باشلامچى كارخانا شىنجاڭ مېيجيا يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتىنىڭ مەھسۇلات كۆرگەزمە زالىغا كىرگەندە، ئىنچىكە پىششىقلانغان ئېسىل ياڭاق مەھسۇلاتلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

«بىزنىڭ تۆت چوڭ تۈر، 22 خىل مەھسۇلاتىمىز بار. بىز ياڭاق پاسلىدىن خالتىلىق چاي، ياڭاق شاكىلىدىن ئاكتىپ كاربون، ياڭاق مېغىزىدىن ھەر خىل ئىستراھەت يېمەكلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىپ، ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىدە ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى شىنجاڭ مېيجيا يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى پېڭ خۇڭچۈن.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ مېيجيا يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتى 21 دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن ياڭاق سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى، بىر يىلدا 30 مىڭ توننا ياڭاقنى پىششىقلاپ، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى 25 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولالايدۇ.

«ياڭاقنىڭ كۆك پوستىدىن تانىن كىسلاتا پاراشوكى تەييار مەھسۇلاتنى پىششىقلاش ياڭاقنى ئىنچىكە پىششىقلاشتىكى بىر تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش. بۇلتۇر شىركىتىمىز ھەر كىلوگرامى بىر يۈەنلىك باھادا 7000 توننا ياڭاق كۆك پوستى سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن قاغىلىقتىكى 100 مىڭ توننا ياڭاق كۆك پوستى كېرەكسىز نەرسىدىن گۆھەرگە ئايلىنىپلا قالماي، كىرىمنى 100 مىليون يۈەن ئاشۇردى، يەنە كۆكيار يېزىسى، يىتىملىقۇم يېزىسىدىكى 430 دېھقاننىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى» دېدى شىنجاڭ باۋلۇڭ خىمىيە سانائىتى يېڭى ماتېرىياللار چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى شۇ يەنلۇڭ.

## ئۆستۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئەنچى تولۇپ تاشتى

«قاغىلىق ياڭىقى»دىن ئىبارەت ئەۋزەل سۈپەتلىك ماركىنى يېتىلدۈرۈپ، ئورگانىكلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ياڭاقچىلىق كەسپىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم يول.

«قاراڭ، بىز تىككەن ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ قۇر ئارىلىقى نېمىدېگەن تەكشى» دېدى بۇ ناھىيەدىكى سايباغ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ياڭ لىبو. بىر مو يەردە 13 تۈپ كۆچەت بولۇشتەك زىچلىق دەرىجىسى بويىچە، بۇلتۇر سايباغ يېزىسى 100 مىڭ تۈپ ياڭاق دەرىخىنى بىرتۇتاش ئۆزگەرتتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ قۇر ئارىلىقى تەكشى بولۇپلا قالماي، يەنە مېۋىسىنىڭ شەكلى ياخشى، ھوسۇلى يۇقىرى بولدى.

ياڭ لىبو مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل سايباغ يېزىسى 86 مىڭ تۈپ ياڭاق دەرىخىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆستۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئورگانىكلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياڭاق سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىدى.

«بۇلتۇر، 18 مو يەرگە ياڭاق تىكتىم، 60 مىڭ يۈەنگە يېقىن ساتتىم، بۇ يىل ئىلمىي پەرۋىش قىلىش سەۋىيەمنى ئۆستۈردۈم، كىرىمىم بۇلتۇرقىدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن» دېدى بۇ ناھىيەنىڭ تېرەك يېزىسى دەپسەڭ كەنتىدىكى ياڭاق ئۆستۈرگۈچى مەمەت ئېلى.

قاغىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لىن گوين مۇنداق تونۇشتۇردى: قاغىلىق ناھىيەسى ياڭاقلىقلاردا تىندۇرۇپ تەكشىلەش ـ تولۇقلاپ رەتلەش، ئۇلاپ سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش، زىچلىقنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. باشلامچى كارخانىلارمۇ قاغىلىقنى ياڭاق ئۆستۈرۈشتە ئۆلچەملىشىش، ئورگانىكلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا قىستىدى. ھازىر، باشلامچى كارخانىلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغانلىكى ياڭاقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، ئۆستۈرگۈچى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى باشلامچى كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش تەلىپىگە ئاساسەن ئۆستۈرىدىغان، پەرۋىش قىلىدىغان بولدى.

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى، ئورمانچىلىق تېخنىكلىرىنىڭ تەربىيەلەپ، يېتەكلىشىدە ياڭاقچىلىقتا جۇاڭيۈەنلىكنى قولغا كەلتۈردۈم، بۇنىڭدىن كېيىن، مەن يېشىل، ئورگانىك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ياڭاقنى تېخىمۇ ياخشى باھادا ساتىمەن» دېدى مەمەت قادىر.

نۆۋەتتە، قاغىلىق ناھىيەسى سۈپەت بىخەتەرلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى ئورناتتى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئېتىراپتىن ئۆتكەن يېشىل، ئورگانىك ياڭاق بازىسى 100 مىڭ موغا يەتتى.

# پۈتۈن شىنجاڭدىكى دالا مەنزىرە رايونلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاممىۋى سەھىيە ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك ئېچىۋېتىلىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ھەرقايسى جايلاردىكى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرى، ساياھەت كارخانىلىرى «چەك قويۇش، ئالدىن كېلىشىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېمپېراتۇرا ئۆلچەش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى رايونلارنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاقىل ساياھەت سۇپىسىغا تايىنىپ، مەنزىرە رايونىدىكى ئادەم ئېقىمى، ئاپتوموبىل ئېقىمى سانلىق مەلۇماتلىرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ساياھەتچىلەر، ئاپتوموبىللارنى ياخشى يېتەكلەپ، ساياھەتچىلەرنى ماسكا، ئىسپىرت قاتارلىق زۆرۈر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ساياھەتچىلەرگە ئەلا مۇلازىمەت قىلدى.

سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرنىڭ زىيادە زىچ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توردا ئالدىن كېلىشىپ بېلەت سېتىۋېلىش، نەق مەيداندا تېمپېراتۇرىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن مەنزىرە رايونىغا تەرتىپلىك كىرىشنى يولغا قويدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە جايلاشقان تىيانشان تۆمۈر جىلغىسى مەنزىرە رايونىدا، خىزمەتچىلەر بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارنىمۇ قالدۇرماي تازىلاپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈردى. «يېقىندا بىز مەنزىرە رايونى ۋە ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مەركىزىدىكى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆردۇق» دېدى تىيانشان تۆمۈر چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىنىڭ باش دىرېكتورى چېن رۇيبو.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ـ ساياھەت نازارىتى مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، ھەرقايسى جايلاردىكى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى ئىشىك بېلىتى باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، ھەق ئالماسلىق، مەدەنىيەت ـ ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش قاتارلىقلارغا رىغبەتلەندۈرۈپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى» «جۇڭچيۇ بايرىمى» «1 ـ ئۆكتەبىر» قاتارلىق بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ 100 نەچچە تۈرلۈك مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتىنى يولغا قويىدىكەن.

ئۆلكە ھالقىپ ساياھەت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شىنجاڭنىڭ ساياھەت كارخانىلىرىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ ساياھەت كارخانىلىرى، بولۇپمۇ ھەرقايسى ساياھەت كوپېراتىپلىرى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كوپېراتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ۋۇ فېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، بىر قىسىم ساياھەت كوپېراتىپلىرى شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىش ساياھەت لىنىيەسى مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سالدى.

ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار كۆڭۈل قويۇپ بىر تۈركۈم خاس مەدەنىيەت ـ ساياھەت ھېس قىلىش لىنىيەلىرىنى بەرپا قىلدى. سۇ ئۈستىدە پاراشوتتا ئۇچۇش، سەيلە كېمىسى، سەيلە پاراخوتى، لەيلىمە كېمە، كاتېر، بېلىق تۇتۇش... باغراش كۆلى داخېكوۋ مەنزىرە رايونىدا، 20دىن ئارتۇق كۆڭۈل ئېچىش تۈرى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلدى، مەنزىرە رايونى يەنە قۇم ساھىلىدا كاۋاپ پىشۇرۇش، قومۇشلۇقنى تاماشا قىلىش قاتارلىق ئۆزگىچە پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى. كۆكتوقاي ناھىيەسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەۋزەل بايلىقىغا بىرلەشتۈرۈپ، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى + مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى + ساياھەت» مەدەنىيەت ـ ساياھەت ھېس قىلىش لىنىيەسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، قىزىل مەدەنىيەت سەپىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم خاس مەدەنىيەت ـ ساياھەت ھېس قىلىش تىپىدىكى ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە ساياھەت لىنىيەلىرىنى يولغا قويدى.

ئۆتكەن ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرى بەس ـ بەستە ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ساياھەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، فۇكاڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بوغدا كۆلى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېڭ شياۋفېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، تور قۇرۇلۇشى ۋە ماركېتنىڭ خىزمىتىنى پائال ياخشى تۇتتى، مەنزىرە رايونى بۇ يىل بېكىتكەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە نۆۋەتتە 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بوغدا كۆلى ئۇل ئەسلىھە 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە ۋۇجياڭ ئەينەك ئاسما يولى قۇرۇلۇشى تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. قاراماي دۇنيا موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تەسىراتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل مەبلەغ سېلىپ بەش كىلومېتىرلىق ساياھەت لىنىيەسىنى يېڭىدىن كېڭەيتىپ، مەنزىرە رايونى ساياھەت لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىنى 15 كىلومېتىرغا يەتكۈزدى. يېڭى لىنىيە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا تۇتاشتۇرۇلدى، ساياھەتچىلەر نېفىت مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان بولدى.

**(مۇخبىرلار ياۋ گاڭ، رېن جياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ تىڭ، گې يۈجۈن، سۇڭ ياۋېن، باينغولىن ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن جوۋ خېيشيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار دۇڭ شىجۇ، لۇ نا)**